# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
19
پەيشەنبە
维吾尔文 3 月19日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25005 - سان بۈگۈن 4 بەت


## 100 مىڭغا يېقىن كارخانا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىشقا ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، 2 - ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىگە قارىتا «كەچۈرۈم قىلىش، كېمەيتىش، كېچىكتۈرۈش» تەدبىرىنى يولغا قويغان، 2 - ئايدا جەمئىي 1 مىليارد 522 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتكەن، كەچۈرۈم قىلغان بولۇپ، 96 مىڭ كارخانىغا نەپ يەتكۈزگەن.

«كەچۈرۈم قىلىش» 2020 - يىلى 2 - ئايدىن 6 - ئايغىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ھەم ئورۇنلار بويىچە سۇغۇرتىغا قاتناشقان يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان ھەق قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ؛ «كېمەيتىش» 2020 - يىلى 2 - ئايدىن 4 - ئايغىچە چوڭ تىپتىكى كارخانا قاتارلىق سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئورۇنلار (ئورگان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى

## دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كېلىش ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ ۋە كېڭىيىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە كۆپلىگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، بولۇپمۇ چېگرا سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشى ھەم ئۇنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان پايدىسىز تەسىرى دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىمۇ يېڭى خىرىس ئېلىپ كەلدى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتىكى باسقۇچلۇق ئۆزگىرىشلەرنى توغرا ئىگىلەپ، خىزمەتنىڭ كۈچەش نۇقتىسى ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا، ۋەزىيەتكە قاراپ تەڭشەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يۇقۇم ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كەسكىنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەك. خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش، مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسى يەنىلا مۇشكۈل، ئېغىر، باشقا رايونلاردا خادىملارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە توپلىشىشىنىڭ كۆپىيىشى ئېلىپ كېلىدىغان يۇقۇمنىڭ قايتىلىنىش خەۋپ - خەتىرى يەنىلا مەۋجۇت، بولۇپمۇ خەلقئارادا يۇقۇمنىڭ تېز سۈرئەتتە يامرىشى ئېلىپ كەلگەن كىرىش خاراكتېرلىك خەۋپ - خەتەر كۈچەيدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ چېگرا سىرتىدىن شىنجاڭغا كېلىدىغان، شىنجاڭغا قايتىدىغان خادىملارغا قارىتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** چېگرا سىرتىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ كىرىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتى بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، چېگرا سىرتىدىن شىنجاڭغا كېلىدىغان، شىنجاڭغا قايتىدىغان خادىملارغا قارىتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز 41 مىليون 980 مىڭ يۈەن باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى تارقاتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى لىن** خەۋەر قىلدۇ: بۇ يىل 1 - ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ۋە كاپالەت ئۆلچىمى بىلەن مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى باغلاش بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمى (قىسقارتىلىپ بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمى دېيىلىدۇ)نى يولغا قويدى. ھازىرغا قەدەر، جەمئىي 41 مىليون 980 مىڭ يۈەن باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىلدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمىنى ۋاقتىدا يولغا قويۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى تارقاتتى ھەم ھەرقايسى جايلارنىڭ شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەھەر - يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 81 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلدۇ: 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 81 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، بازارنى بايلىق تەقسىملەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىتىقۇزۇپ، بازارغا ھوقۇق بېرىپ، كارخانىلارنى باغلاقتىن بوشىتىپ، پۇقرالارنى نەپكە ئېرىشتۈرۈپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۈنۈملۈك ئۇرغۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىدىن نەپكە ئېرىشىش

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەش يەرلىك قانۇنىي ئىگە بانكا 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ قويۇپ بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۇڭفېينىڭ** جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن ئىگىلىشىچە، جۇڭگو خەلق بانكىسى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىشنى يولغا قويۇپ، باھالاش ئۆلچىمىگە يەتكەن بانكىلارنىڭ ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى 0.5 پىرسەنت پوئىنتتىن بىر پىرسەنت پوئىنتقىچە نىشانلىق تۆۋەنلىتىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشىغا مەدەت بېرىشنى قارار قىلغان. مۆلچەرى ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بەش يەرلىك قانۇنىي ئىگە بانكا باھالاشتا ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇپ، تەخمىنەن 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغنى بىۋاستە قويۇپ بېرەلەيدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## تاماق ئۈستىلى مەدەنىيلىكى ئاممىۋى چوكىدىن باشلىنىدۇ

سۆز ھەممىگە

□ يۈ يەنيۈن

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر ئاشخانا ئۆزگەرتىش قىلغان: ھەربىر ئۈستەلگە قورۇما قىسقۇچى، ئاممىۋى قوشۇق ۋە بىر جۈپ ئاممىۋى چوكا قويۇپ، خېرىدارلارغا ئاممىۋى تاماق بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ تاماق ئېلىشنى ئەسكەرتكەن. ئاشخانا ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇق بىلەن تەمىنلىگەن، خېرىدارلار ئاكتىپ ئىشلەتكەن، بۇنداق تۇرمۇش ئۇسۇلى مەيلى يۇقۇم مەزگىلىدە ياكى يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسۇن، زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي

## بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى تۇنجى تۈركۈمدىكى كوللېكتىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلدۇ: «يېرىمى سۈزۈك مۇز، يېرىمى سۇ بولغان بوغدا كۆلى تولىمۇ گۈزەل ئىكەن!» 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تېببىي خىزمەتچىلەر ھەمدە ئائىلە تەۋەلىرى، جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئىشلەمچى قاتارلىقلاردىن بولۇپ 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى كۈتۈۋالدى، بۇ، مەنزىرە رايونى ئېچىۋېتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن كۈتۈۋالغان تۇنجى تۈركۈم كوللېكتىپ ساياھەتچى.

شۇ كۈنى، سانجى ئوبلاستى «بىر نەپەتتە ھەمسەپەر قىلىپ، شىنجاڭغا مۇھەببەت باغلاش» ئاممىۋى مەنپەئەت ساياھەت يۈرۈشلۈك پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، سانجى ئوبلاستىدىكى تېببىي خىزمەتچىلەر، جەنۇبىي شىنجاڭدىن سانجى ئوبلاستىغا كەلگەن ئىشلەمچىلەرنى تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمە باغچىسىدا ساياھەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ساياھەتچىلەر تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا سەيلە قىلماقتا.

□ جېن مېي فوتوسى

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش ③

## ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا ئالدىراشچىلىق باشلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاڭ تىڭ، گې يوۋجۈن، خەن چىنيەن** خەۋەر قىلدۇ: «ھازىر ھاۋا ئىللىدى، ئېتىز ئىشىمۇ تېزلەشتى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، كەسپىي تېخنىك خادىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىرلەشمە يەر تۈزلەش سېيالكىسىدا بۇغداي تېرىدۇق، ئائىلىمىزنىڭ 300 مو يېرىگە بۇغداينى تېزلا تېرىپ بولدۇق، بۈگۈندىن باشلاپ تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزىمىز.» 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، خوشۇت ناھىيەسىنىڭ ئۇششاقتال خۇيزۇ يېزىسى سالياگۆەن كەنتىدىكى تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسى ۋاڭ يۇڭشى ئېتىزدا ئالدىراش ئۆتتى.

يىلنىڭ ئىشى باھاردىن. تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى دېھقانلار ۋاڭ يۇڭشىغا ئوخشاش دېھقانچىلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئېتىز - ئېرىق بېشىدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئەمگەك ئارىلىقىدا، ئۇلار ئىككى - ئۈچتىن بىر يەرگە جەم بولۇپ مۇڭدىشىپ، خۇشال ھالدا يېڭى بىر يىللىق پىلانى ئۈستىدە پاراڭلاشتى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقى جەنۇبتىن شىمالغا تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلماقتا، ھەرقايسى جايلار بالدۇر ھەرىكەتكە كېلىپ، تەييارلىقنى تولۇق قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ كۆلەمنى تۇراقلاشتۇردى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى؛ كۆپ تەرەپتىن كۈچەپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى؛ بازارنى يېتەكچى قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەڭشىدى... ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقىدىن ئىبارەت يىلنىڭ بېشىدىكى بۇ ئاچقۇچلۇق جەڭنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە پۈتۈن شىنجاڭدا 326 مىڭ 300 مو يەرگە يازغى بۇغداي تېرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم جايلار ئاساسەن تاماملىغان، 317 مىڭ 100 مو يەرگە ئورۇق چېچىلىپ، ئورۇق چېچىش نىشانلانغان كۆلەمنىڭ 90.60% ىنى ئىگىلىگەن، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدا 9200 مو يەر تېرىلغان. بۇ يىل تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىدا بۇغداينى كېمەيتىش، كېۋەزنى كېمەيتىش، كۆممىقوناقنى كۆپەيتىش، كۆكتاتنى كۆپەيتىش، خاس زىرائەتلەرنى كۆپەيتىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، دېھقانلار ياڭاقلىقتا يەر تۈزلىمەكتە. ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تۇپلۇق يېزىسى تۆۋەنكى كالكال كەنتى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تاۋۇز قاتارلىقلارنى تېرىپ، ئورمان ئاستى ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

□ ياڭ شو فوتوسى